# جەننەت ۋە دوزاخ مۇنازىرلىشىپ قالدى، دوزاخ: مەندە زۇلۇم قىلغۇچىلار، تەكەببۇر كىشىلەر بار دېدى، جەننەت: مەندە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ۋە مىسكىنلىرى بار دېدى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرلىشىپ قالدى، دوزاخ: مەندە زۇلۇم قىلغۇچىلار، تەكەببۇر كىشىلەر بار دېدى، جەننەت: مەندە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ۋە مىسكىنلىرى بار دېدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ: جەننەت! سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىلەرگە رەھىم قىلىمەن. دوزاخ! سەن مېنىڭ ئازابىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، ھەمدە ئىككىڭلارنى توشقۇزۇش مېنىڭ ئىشىم دېدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: جەننەت بىلەن دوزاخ ئۆز-ئارا مۇنازىرلىشىپ قالدى، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ھۆججىتىنى كۈچلەندۈرەتتى، بۇ گەرچە بىزنىڭ ئەقلىمىزگە سىغمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز زۆرۈر بولغان غەيىبى ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. جەننەت دوزاخقا، دوزاخ جەننەتكە دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنازىرىلەشتى، دوزاخ ئۆزىدە زالىم، قوپال، باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلغۇچى، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەقنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقى بىلەن دەلىل كەلتۈردى، بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭچىلىق توغرىسىدا: «ھەقنى رەت قىلىپ، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق» دېگەندەك. زالىملار ۋە تەكەببۇرلار ئۇلار دوزاخ ئەسھابلىرى (ئاللاھ ساقلىسۇن) بەزى ۋاقىتتا دوزاخ ئەھلى كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇلايىم، ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەققە بويسۇنمايدۇ، ھەقىقەت ئەھلىگە چوڭچىلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان ياخشى مۇئامىلىسى ۋە مۇلايىملىقى ئۇلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ تەكەببۇر-زالىملارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇپ، ھەققە بويسۇنمايدۇ. ئەمما جەننەت مۇنداق دېدى: مەندە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ۋە مىسكىنلىرى بار، ئۇلار ئاساسەن ھەقنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ، زالىملار ۋە تەكەببۇرلار ئاساسەن ھەققە بويسۇنمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ، جەننەتكە مۇنداق دېدى: «جەننەت! سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىلەرگە رەھىم قىلىمەن»، دوزاخقا: «دوزاخ! سەن مېنىڭ ئازابىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن»دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا: «ھەمدە ئىككىڭلارنى توشقۇزۇش مېنىڭ ئىشىم» دېدى، ئاللاھ تائالا جەننەت بىلەن دوزاخنى توشقۇزۇشقا ئۆزى كېپىل بولدى، ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى غەزىپىدىن كەڭرىدۇر، قىيامەت كۈنى بولغاندا دوزاخقا ھەقلىق بولغانلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ، دوزاخ: يەنە بارمۇ دەپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا پۇتىنى قويىدۇ، يەنە بىر رىۋايەتتە: قەدىمىنى قويىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قەدىمىنى قويغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن دوزاخ بىر_بىرىگە قاتلىنىپ، بىر_بىرىگە قېتىلىپ تولغۇشۇپ بولدى-بولدى، تولۇپ كەتتى، توشۇپ كەتتى دەيدۇ. ئەمما جەننەت، جەننەت بولسا كەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسى ئاسمان-زېمىننىڭ باراۋېرىدە كېلىدۇ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ جەننەتتە نۇرغۇن جايلار بىكار قالىدۇ، ئاللاھ تائالا يېڭى بىر قەۋمنى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەزلى-رەھمىتى بىلەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا جەننەتنى توشقۇزۇشقا ئۆزى كېپىل بولغان

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee